

# 新疆维吾尔民间花帽图案集

# شنجاڭ ئۇيغۇر دوپپىلرنىڭ گۇل نۇسخىلرى

# 新疆维吾尔民间花帽图案集

# شىنجاڭ ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ گۈل نۇسخىلىرى

新 疆 人 民 出 版 社

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىر: شىي كەي

**新疆维吾尔民间花帽图案集**

*

新疆人民出版社出版
北京精美印刷厂印刷　新疆新华书店发行
787×1092毫米　24开本　7印张
1983年10月第一版　1983年10月第一次印刷
印数 1—5,000册
统一书号: M8098 · 546　定价: 3.95元

张亨德
韩莲芬
谢　凯
刘定陵
刘汉维
陈学忠
吐尔逊哈孜

جاڭ خېڭدې
خەن ليەنفېڭ
شيې   كەي
ليۇ دىڭلىڭ
ليۇ خەنۋى
چېن شۈېجوڭ
تورسۇن غازى

搜集整理者:　　توپلاپ، رەتلەپ چىققۇچىلار :

# 新疆维吾尔民间花帽图案

以能歌善舞而著称的维吾尔族，有着悠久的历史和灿烂的文化，其工艺美术遗产极为丰富。在生活中处处都可以见到精美的工艺品，花帽就是其中一种。在天山南北，不论男女老少，不分春夏秋冬，维吾尔族人民群众都有佩戴花帽的习俗，它不但是生活中必不可少的日用品，而且也是一种具有强烈民族特色的工艺品。每逢节日婚礼、歌舞盛会、走亲访友，人们都要以这种精制的小花帽装饰打扮。在群众集聚、交际的场所，堪称是花帽博览会，各种花帽琳琅满目，美不胜收，令人叹为观止。小花帽又是人们用来馈赠寄情、陈列装潢的小巧玲珑的艺术珍品。它不但为新疆各族人民群众所喜爱，并且远销国内外，颇受赞赏。

把这部分优秀的工艺美术遗产予以搜集、整理、研究介绍，这对继承民族艺术传统、推陈出新，加强祖国民族文化艺术交流，将会起到一定的促进作用。

新疆维吾尔民间花帽图案，种类繁杂，形式多样。就其制做方法和特点可分为：丝线平绣、丝线结绣、串珠片绣、格子架绣、盘金银绣、十字花绣、钩花刺绣、扎绒刺绣以及刺、扎、串、盘、综合绣等。

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

绝大部分花帽是将分别以手工纳绣好的四瓣以顶为中心，拼连缝合，套模成型，最后镶黑绒边沿则成为一顶立体花帽，并可折叠便于携带。偶尔也见到有分五瓣组成的小花帽以及钩花便帽，但为数极少。花帽的图案纹样构图多变，款式新颖，一般以四瓣相同的单独纹样，从顶部看则形成一组四面对称的适合纹样。按其图案构成骨式可归纳为：单独适合纹样：多为平针刺绣、串珠片绣，一瓣三角形内以一个或两个单独纹样和一个单独纹样，一条边缘纹样构成一组适合纹样，纹样简练，构图严谨，布底多用暗色平绒，地色和花色对比强烈，艳丽夺目。这种花帽俗称“曼甫”。满地散花“奇曼”纹样：系散点排列图案，各处花纹多以枝杆连结或线条分隔，有的用冰裂纹或点线纹，绣成地纹与主体纹样相互映衬，整个画面犹如满天星斗、繁花似锦。这种散花满地绣的花帽，另一个特点是质地厚实、棱角突出，结实耐用。巴旦木花纹样：（巴旦木树属落叶乔木科，果实称巴旦木杏，椭圆形，杏核近弯月形，核仁可入药。）以巴旦木杏核为基本造型，经过变形和添加构成图案纹样，此类花帽以男帽极为多见，一般用黑地、白花平绣，巴旦木纹样造型头圆、尾尖，具有前后方向的变化，四个单独的巴旦木以旋转适合的骨架排列构成，纹样姿态丰富多样，活泼多变，花色古朴、肃穆、素雅、大方，俗称巴旦木花帽。这种花帽不仅在新

疆而在中亚一带也流传甚广。十字对称纹样：每瓣内以十字形构图为骨架，采用“米”、“井”、“田”字形格局布置纹样，左右纹样对称，布局饱满，色彩富丽。花纹虽不如单独纹样具体，但各单位内花卉相映，枝蔓交错，色彩对比分明，形成一种独特的图案结构，从而更富有强烈的装饰性。

新疆地域辽阔，民族杂居，习俗各异，所以各地区的花帽都具有明显的地方特色。和田地区的花帽以格子架绣女式花帽最负声誉，它是以几何纹样组合的一种彩色丝线满地平绣图案，纹样严密紧凑，形状扁平，四角突起，产品远销各地，深受广大妇女欢迎。喀什地区的花帽以黑地白花、顶大口小、棱角突起的巴旦木男式花帽最为突出。这种巴旦木花纹被广泛地运用在维吾尔民族各种图案中，深受人民群众的喜爱。盘金盘银的女式花帽在该地区也很有特色，甚为普及。库车地区的花帽以串珠、镶片的女式鼓顶花帽比较多见，此类花帽珠片串连，鳞光闪耀，色彩斑斓绚丽、花饰犹如浮雕，每个花帽都是一件珍贵的艺术品，令人百看不厌，爱不释手。吐鲁番地区的花帽别具一格，其特点是花宽地窄，满地平绣适合纹样与边缘纹样上下配置，饱满充实，占居了整个花帽的大部分，犹如彩色花冠，艳丽夺目，给人以丰裕富饶、活跃如炽的美感。这个地区经济较发达，人民生活丰富

多采，这种饱满的图案和优美的造型正是这种客观生活的艺术反映。伊犁地区的花帽造型扁浅圆巧，色彩柔和协调，以概括简练的单独纹样多见，整个花帽素雅、大方，这里因地处边境，其花纹图案自然地受到某些外来的影响。哈密地区的花帽因受汉族及其他民族文化的影响较深，图案纹样显然是吸收了汉族的装饰手法，有的纹样比较繁杂，色彩十分鲜艳。在于田、民丰、策勒、且末一带还盛行着一种状似碟式、纯属装饰性的小花帽，直径不足十公分，专供中老年妇女用针偏别在披巾上，好象一支插在头上的花朵。这种特殊的花帽虽没有实用价值，但富有浓郁的装饰趣味，这在其他地区是见不到的。根据不同性别、年龄、职业，又有儿童帽、青年帽、妇女帽、老人帽以及阿訇帽的区别。

在维吾尔族中，绣制花帽的能工巧匠多是老年的妇女和年轻的姑娘，她们是真正的民间艺术家，她们大多是利用饭后茶余的空闲时间，因地制宜，就地取材，施展巧妙的构思，运用精湛的技艺，制做出各种各样的花帽。各类做工精细的花帽图案，素材大多是取自大自然的物态，题材内容极为广泛，工艺手法多种多样。这些民间的能工巧匠将丰富多采的自然界的花形，在写实的基础上通过高度的艺术提炼、概括、夸张、变化而成为具有浓郁的乡土气息和强烈的民族情趣的图案。

充分发挥了装饰艺术的功能，给人以美的享受。常见的图案形象多为花卉、果实、禽鸟、昆虫的造型，如：桃花、杏花、石榴花、棉桃花、巴旦木、石榴、桃子、葡萄、麦穗、棉花、豆角，也有鸟雀、鸡鸭、蚕、蝶、星月、雪花等；此外，还大量地运用了几何纹样，使图案更富有变化。值得指出的是，维吾尔花帽图案不但保持和继承了本民族的传统和风格，而且广泛地吸收了其他民族和地区的优秀纹样，从而使这部分装饰图案更加丰富多彩。例如，汉族的一些传统图案纹样，如云间海浪、盘枝莲花、梅菊佛手等被巧妙地吸收在花帽图案中，这在北疆地区是极为常见的。正是由于各民族间长期的艺术交流，彼此兼收并蓄，使这部分优秀的民族遗产得以不断地充实和创新。维吾尔民间图案可以说是祖国艺术百花园里的一朵清丽的鲜花，在党的大力扶植发展民间民族工艺美术的政策指引下，今后这朵鲜花无疑将会开放得更加灿烂艳丽。

这本图案画集是几位多年来从事工艺美术工作的同志经过长期的挖掘、搜集、研究、整理而选编的，它对研究和借鉴维吾尔民族工艺美术会有一定的参考作用。对这部分民族遗产的研究工作只是初步的探索，欠妥之处，欢迎批评指正。

编　者

# شىنجاڭ ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ گۈل نۇسخىلىرى ھەققىدە

ناخشا ئېيتىش ۋە ئۇسسۇل ئويناشقا ماھىرلىقى بىلەن داڭ چىقارغان ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخقا، پارلاق مەدەنىيەتكە ۋە ئىنتايىن مول گۈزەل سەنئەت مىراسلىرىغا ئىگە. نەپىس ئىشلەنگەن ئېسىل گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. دوپپا — ئەنە شۇلارنىڭ بىر تۈرى. تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ياشايدىغان ئۇيغۇر خەلقى مەيلى ئەر-ئايال بولسۇن، مەيلى قېرى-ياش بولسۇن، مەيلى باھار، ياز، كۈز ياكى قىشتا بولسۇن، دوپپا كىيىشكە ئادەتلەنگەن، دوپپا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا زورۇر كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇمى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۈچلۈك مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە گۈزەل سەنئەت بۇيۇمى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ھېيت-بايراملاردا، توي-مەرىكىلەردە، ناخشا-ئۇسسۇل قىزىغان مەشرەپ سورۇنلىرىدا، ئۇرۇق-تۇققانلار ۋە دوست-يارانلار ئارا بېرىش-كېلىشلەردە ئەنە شۇنداق نەپىس دوپپىلارنى كىيىشىدۇ. ئاممىۋى يىغىلىشلار، جامائەت سورۇنلىرىنى دوپپىلار كۆرگەزمىسى دېيىشكە ئەرزىيدۇ. كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان خىلمۇ-خىل، رەڭگارەڭ گۈزەل دوپپىلارنى كۆرگەن كىشى ئاپىرىن ئوقۇماي قالمايدۇ. دوپپا يەنە كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا سوغا-سالام ۋە زىبۇ-زىننەت ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئەتىۋارلىق سەنئەت بۇيۇمى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. دوپپىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىلا ياخشى كۆرۈپ قالماستىن، بەلكى يىراق ئىچكى-تاشقى بازارلاردىكى خېرىدارلارمۇ قىزغىن ئالقىشلايدۇ.

مۇشۇ بىر قىسىم ئېسىل گۈزەل سەنئەت مىراسىمىزنى توپلاپ رەتلەپ چىقىپ، تەتقىق قىلىش ۋە تونۇشتۇرۇش مىللىي سەنئەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق

قىلىشتا، كونىلار ئاساسىدا يېڭىنى يارىتىش ھەم ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت-سەنئىتىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشتا مەلۇم تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ دوپپا نۇسخىلىرى خىلمۇ-خىل ۋە رەڭگارەڭ بولۇپ، تىكىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئالغاندا، مەننو دوپپا، تۇگۇچ مەننو دوپپا، ئۈنچە دوپپا، گىلەم تاشكەنت دوپپا، كالوتون دوپپا، گىلەم دوپپا، ئىلمە گۇللۈك دوپپا، چەكمە گۇللۈك دوپپا، شۇنىڭدەك ئىلمە ۋە چەكمە گۇللۈك ئۈنچە ھەم كالوتون بېسىلغان دوپپا قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دوپپىلارنىڭ كۆپچىلىكى نەپىس گۈل تىكىلگەن 4 تالا بىلەن گىرۋەكلىرى ئۆزئارا چېتىلىپ قارا دوخاۋا جىيەك تۇتۇلغاندىن كېيىن قېلىپقا سېلىنىدۇ، ئاندىن ساقلاش ۋە ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن 4 قاتلىنىدۇ. يەنە قەدىمقى نۇسخىدا 5 تالالىق قىلىپ تىكىلگەن دوپپىلار ۋە سىدام ئىلمە گۇللۈك شاپاق دوپپىلارمۇ ئۇچرايدۇ، لېكىن بۇنداق دوپپىلار ناھايىتى ئاز. دوپپىلارنىڭ گۈل نۇسخىلىرى خىلمۇ-خىل بولۇپ، ئاجايىپ چىرايلىق گۈل-سىزىقلار 4 تالانىڭ ئۆزئارا چېتىلىشى بىلەن بىر بىرىگە مۇناسىپ ھالدا ئىرماش-چىرماش قوشۇلۇپ، پۈتۈن بىر گۇرۇپپا گۈل شەكلىنى ئالىدۇ. گۈل شەكىللىرى غول جەھەتتىن يىغىنچاقلىغاندا، ئايرىم-ئايرىم ئۆزئارا ماسلاشقان گۇللۈك، چەكمە مەننو گۇللۈك، ئۈنچە-مارجان گۇللۈك، ھەر بىر تالاغا 3 بۇلۇڭلۇق قىلىپ تىكىلگەن بىر گۇللۈك ياكى ئىككى گۇللۈك ۋە گىرۋەك گۈللىرى بىلەن قوشۇلۇپ كېتىدىغان بىر گۇرۇپپا گۇللۈك شەكىللەرگە بۆلۈنىدىغان بولۇپ، گۈل نۇسخىلىرى ئاددى، ئەمما ناھايىتى رەتلىك قۇراشتۇرۇلغان بولىدۇ. دوپپىلار كۆپىنچە توق رەڭلىك دوخاۋىدىن تىكىلىدۇ، دوپپىنىڭ تېگى بىلەن گۈللىرىنىڭ رەڭگى بىر بىرىدىن كۈچلۈك پەرقلىنىپ، كۆزگە ئالاھىدە روشەن چېلىقىپ تۇرىدۇ، بۇنداق دوپپىلار ئادەتتە "مەننو دوپپا" دېيىلىدۇ. "چىمەن دوپپا" دا ھەر تەرەپكە غولاچ يايغان گۈل-چېچەكلەر

نۇرغۇن شاخ-پىلەكلەردىن شەكىللەنگەن دائىرە بىلەن بىر بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، بەزىلىرىدە رومبا ياكى ئۈچ بۇلۇڭلۇق سىزىقچىلار ياكى چېكىتلەرگە گۈللەر بىلەن سىزىقچىلار ئۆزئارا ماسلىشىپ، گويا پۈتۈن ئاسماننى قاپلىغان يۇلتۇزلارنى، پۈتۈن دالىنى قاپلىغان رەڭگارەڭ گۈل-چېچەكلەرنى گەۋدىلەندۈ-رىدۇ. بۇنداق چىمەن گۈللۈك دوپپا تېگى زىچ، قىرلىرى روشەن بولۇپ، كىيىشكە چىداملىق كېلىدۇ. بادام گۈللۈك دوپپىغا كەلسەك، ئۇ بادامنى ئاساس قىلغان هالدا تۈرلۈك-تۈرلۈك سىزىقچىلار بىلەن زىننەتلەپ تۈزۈلگەن ئۆزگىچە گۈللەردىن تىكىلگەن بولىدۇ. بۇنداق دوپپا ئومۇمەن قارا لاتىغا ئاق مەشۇتتىن گۈل بېسىپ تىكىلىدىغان بولۇپ، ئۇنى كوپىنچە ئەرلەر كىيىدۇ. بادام دوپپىنىڭ ئۈستى يۇمىلاق، گىزىگى بىلەن جىيىكى قىرلىق كەلگەن بولۇپ، دوپپىنىڭ هەر بىر تالاسىغا بىردىن تىكىلگەن بادام گۈللەر ئۆزئارا قوشۇلۇپ بىر پۈتۈن گەۋدە هاسىل قىلغانلىقتىن، دوپپىغا شوخ، ئۆزگىرىشچان، ئېسىل ۋە كۆركەم تۈس بېرىدۇ. شۇڭا بادام دوپپا شىنجاڭدىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا رايونلىرىدىمۇ ناهايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. گىلەم دوپپىغا كەلسەك، ئۇنىڭ گۈللىرى رەڭگارەڭ، نۇرغۇن كىرىست سىزىقچىلارنىڭ خىلمۇ-خىل قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، يۇلتۇزسىمان، كىرىستسىمان، كاتەكچىسىمان سىزىقچىلاردىن سىممېتىرىك، توق، رەڭگارەڭ شەكىل تۈزۈپ تىكىلىدۇ. بۇ دوپپىنىڭ گۈل شەكلى ئايرىم-ئايرىم گۈل تىكىلگەن دوپپىلارنىڭكىدەك دانىمۇ دانە، ئېنىق ئايرىلىپ تۇرمىسىمۇ، لېكىن دوپپىنىڭ هەر بىر تالاسىدىكى گۈل-چېچەكلەر ئىرماش-چىرماش سىزىقلار بىلەن كىرىشىپ بىر بىرىنى تولۇقلايدىغانلىقى ئۈچۈن، رەڭلىرى بىر-بىرىدىن ناهايىتى روشەن پەرقلىنىپ، تېخىمۇ زىبۇ-زىننەتلىك ئالاهىدە بىرخىل شەكىل هاسىل قىلىدۇ.

شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، مىللەتلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، جايلارنىڭ

ئۆرپ-ئادەتلىرى پەرقلىق بولغانلىقتىن، جايلارنىڭ دوپپىلىرىمۇ ئۆزىگە خاس
ئالاھىدىلىككە ئىگە. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئاياللار كىيىدىغان گىلەم تاشكەنت دوپ-
پىسى ئەڭ داڭلىق بولۇپ، رەڭگارەڭ مەشۇت يىپلار بىلەن بىر بىرلەپ چېكىل-
گەن گومېتىرىك سىزىقچىلارنىڭ زىچ قوشۇلۇشىدىن گۈل ھاسىل قىلىدۇ، دوپپىنىڭ
ئۈستى سەل ياپياڭ، گىزەك-جىيەكلىرى قىرلىق كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ يىراق-يىراق
جايلارغا ئاپىرىپ سېتىلىپ، كەڭ خوتۇن-قىزلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ
كەلمەكتە. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ دوپپىلىرىدىن تېگى قارا، ئاق گۈللۈك، توپپىسى
چوڭ، ئاغزى كىچىك. ئالاھىدە قىر چىقىرىلغان بادام گۈللۈك دوپپا بولۇپمۇ
كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ خىلمۇ-خىل گۈزەل سەنئەت
بۇيۇملىرىدا بادام گۈللىرى كەڭ قوللىنىلىدىغان بولغاچقا، خەلق ئاممىسى بادام
گۈلنى بەكمۇ ياقتۇرىدۇ. كالوتون بېسىپ تىكىلگەن ئايالچە دوپپىلارمۇ قەشقەر
ۋىلايىتىدە خېلىلا ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. كۇچا
رايونىدا ئۈنچە-مارجان، كالوتون بىلەن كوپتۇرمە گۈل بېسىلغان ئايالچە دوپ-
پىلار كوپ ئۇچرايدۇ. ئۈنچە-مارجان بىلەن گۈل بېسىلغان، جۇلالىق نۇر چې-
چىپ تۇرىدىغان بۇنداق رەڭدار ھەم چىرايلىق دوپپىلارنىڭ گۈللىرى خۇددى
نەپىس ئىشلەنگەن ئويما نەقىشلەردەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدە ئېسىل سەنئەت
بۇيۇمى دېيىشكە مۇناسىپ ھەر بىر گۈلگە كىشىنىڭ قارىغانسېرى قارىغۇسى كېلىدۇ
ۋە بۇنداق دوپپىنى قولدىن چىقارغۇسى كەلمەيدۇ. تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ دوپپى-
لىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، دوپپىنىڭ گۈللىرى يوغان-يوغان
ۋە گۈللەر ئارىلىغىدىكى بوشلۇق تارراق كېلىدۇ. تالالارغا زىچ تىكىلگەن مەنفو
گۈللەرنىڭ سىزىقلىرى بىلەن جىيەك گۈللىرىنىڭ سىزىقلىرى ئۆزئارا ماسلاشقان
بولۇپ، پۈتۈن دوپپىنىڭ كوپ قىسمىنى ئىگەللىگەن يارىشىملىق چوڭ-چوڭ
گۈللەر كىشىنى ئۆزىگە تېزلا جەلپ قىلىدۇ ۋە كىشىگە ئۇ يەرنىڭ ئۆتتەك قاي-

نام-تاشقىنلىق، توق-باياشات گۈزەل ھاياتنى ئەسلىتىدۇ. بۇ ۋىلايەتنىڭ ئىگىلىكى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان، خەلقىنىڭ تۇرمۇشى مولچىلىق ۋە گۈزەللىككە تولغان بولۇپ، دوپپىلىرىنىڭ تولۇق ئېچىلغان يوغان-يوغان گۈللەر بىلەن بېزەلگەن گۈزەللىكىنى دەل ئەنە شۇ رېئال ھاياتنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى دېيىشكە بولىدۇ. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ دوپپىلىرى تېپىزراق ۋە ئىخچام تىكىلگەن، رەڭلىرى يارىشىملىق ۋە ئۆزئارا ماسلاشقان بولۇپ، گۈللىرى كوپىنچە ئايرىم-ئايرىم، ئىخچام ۋە نەپىس، شۇنىڭدەك ساددا، ئېسىل ۋە كۆركەم كېلىدۇ. بۇ ۋىلايەت چېگرىغا يېقىن جايلاشقان بولغاچقا، دوپپىلىرىنىڭ گۈل نۇسخىلىرى سەنئىتىگە مەلۇم دەرىجىدە چەتئەلنىڭ تەسىرى سىڭگەن. قومۇل ۋىلايىتىنىڭ دوپپىلىرىغا خەنزۇلار ۋە باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى چوڭقۇرراق سىڭگەن بولۇپ، گۈل نۇسخىلىرىدا خەنزۇلارنىڭ بېزەكلەش سەنئىتى قوبۇل قىلىنغانلىقى روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ. دوپپىلارنىڭ بەزىبىر گۈل نۇسخىلىرى مۇرەككەپرەك بولۇپ، رەڭلىرى بەكمۇ چىرايلىق. كېرىيە، نىيە، چىرىيە، چەرچەن رايونلىرىدا يەنە دىيامېتىرى 10 سانتىمېتىرلا كېلىدىغان، ئاياللارلا زىننەت ئۈچۈن كىيىدىغان كىچىككىنە بىرخىل دوپپا (تەلپەك) بولۇپ، ئۇنى ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللار بىلەن ياشانغان ئاياللار رومالنىڭ ئۈستىگە ئىلغۇچ بىلەن قوندۇرۇۋالىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ گويا ئاياللارنىڭ بېشىغا قوندۇرۇلغان گۈلدەك كۆرۈنىدۇ. بۇنداق ئالاھىدە دوپپا (ياكى تەلپەك) گەرچە ئەمەلىي ئىشلىتىلىش قىممىتىگە ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن خېلىلا زىننەت تۈسىگە ئىگە. بۇنداق دوپپا باشقا رايونلاردا ئۇچرىمايدۇ. يەنە كىشىلەرنىڭ جىنسى، ياش قۇرامى، كەسپىگە قاراپ پەرقلىنىدىغان بالىلار دوپپىسى، ياشلار دوپپىسى، ئاياللار دوپپىسى، قېرىلار دوپپىسى ۋە ئاخۇنلار دوپپىسىمۇ بار.

ئۇيغۇرلار ئىچىدە دوپپا تىكىدىغان چېۋەر ئۇستىلارنىڭ ھەممىسى ياشانغان

دولقۇنى، تۈپ-تۈپ نىلۇپەر گۈللىرى، مېيخوا، جۈخۇا، لىمونغا ئوخشاش بەزىبىر ئەنئەنىۋى خەنزۇ گۈل نۇسخىلىرىنى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، دوپپىلارغا قوندۇرغان. بۇ ئەھۋال شىمالىي شىنجاڭدا ناھايىتى كوپ ئۇچرايدۇ. مىللەتلەرنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ئوزئارا ھۈنەر-سەنئەت ئالماشتۇرۇپ، بىر بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ بېيىتقانلىقى نەتىجىسىدە، بۇ ئېسىل مىراس داۋاملىق تولۇقلىنىپ ۋە يېڭىلىنىپ كەلگەن. ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل سەنئەت گۈلزارىدىكى بىرتۈپ چىرايلىق گۈل دېيىشكە مۇناسىپ بولغان ئۇيغۇر دوپپىلىرى پارتىيىمىزنىڭ خەلق ئارىسىدىكى گۈزەل سەنئەتنى پائال قوللاپ راۋاجلاندۇرۇش سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بۇنىڭدىن كېيىن شەك-شۈبھىسىز تېخىمۇ چىرايلىق پورەكلەپ ئېچىلغۇسى.

قولىڭىزدىكى بۇ گۈل نۇسخىلىرى توپلىمى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان گۈزەل سەنئەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن يولداشلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئىزدىنىشى، توپلىشى، تەتقىق قىلىشى ۋە رەتلەپ چىقىشى ئاساسىدا تاللاپ تۈزۈلدى. بۇ توپلام ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئۆلگە ئېلىش جەھەتتە مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. مىللىي مىراسلارنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى جەھەتتە باشلىغان بۇ دەسلەپكى ئىزدىنىشىمىزنىڭ نامۇۋاپىق جايلىرىنى تەنقىت ئارقىلىق تۈزىتىشىڭىزلارنى قارشى ئالىمىز.

**تۈزگۈچى**







此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com